


# ئەلرايى —— قىزىل ئارمىيەنىڭ مەڭگۈلۈك «تايانچ بازىسى»

## —— ئىككى پارچە قەغەز باغاقچىدىكى تارىخ شىفرى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **لى سۈك، مېي چاڭۋېي، ليۇ فېي**

جياڭشى رۇيجىن جۇڭگودىكى تۇنجى قىزىل ھاكىمىيەت —— جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دۇنياغا كەلگەن جاي، شۇنداقلا قىزىل ئارمىيە دۇنياغا داڭلىق 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى باشلىغان جاي.

قىزىل ئارمىيە مەزگىلىدە، قاتتىق ئىنتىزام قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرىنىڭ غەلىبىسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسىنى كەڭ ئابرۇيغا ئېرىشتۈرگەن.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى رۇيجىنگە بېرىپ، زىيارەت قىلغان يەرلىك پارتىيە تارىخى مۇتەخەسسىسلىرى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئاغزىدىن كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتەك بۇ ھېكايىلىرى بىزگە ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەردى. ئەلرايى —— قىزىل ئارمىيەنىڭ مەڭگۈلۈك «تايانچ بازىسى».

### ■ «قىزىل ئارمىيە ھەقىقەتەن پەرزەنت قىسىم ئىكەن»

1929 - يىلى چاغان مەزگىلىدە، قىزىل 4 - ئارمىيە جەنۇبىي جياڭشىغا يۈرۈش قىلىپ، رۇيجىن دابەيدى جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە نىڭدۇ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى خېدۇڭغا يېتىپ كەلگەن. شۇ چاغدا، ناھىيە بازىرىدىكى ھەممە ئائىلە قىزىل بايراقلارنى ئېسىپ، ھەممە ئائىلە پوجاڭزا ئېتىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرگەنلىكىنى خۇشال كۈتۈۋالغان.

قىزىل 4 - ئارمىيە ناھىيە بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاممىنى ئاۋارە قىلمىغان. ئاما قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقىنى، كىشىلەرگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئاممىنىڭ نەرسىسىنى ئالمايدىغانلىقىنى، يەنە ئاممىغا ياخشى ئىش-لارنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرگەن. كەچتە، ئۇلار كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى لەمپىلەر-نىڭ ئاستىدا، كارىدورلاردا كېيىمى بىلە-نلا ياتقانلىقىنى، خەلقنىڭ قىلچىلىك نەر-سىسىگىمۇ تەگمىگەنلىكىنى بايقاپ تولىمۇ تەسىرلەنگەن.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاڭ سۈزۈل-گەندە، نىڭدۇ ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق قىزىل 4 - ئارمىيەنىڭ كوماندىر - جەڭ-چىلىرى ئاما تېخى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان-دا، ئارىيەتكە ئالغان ئىشىك قاناتلىرى ھەم ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ھەر-قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا شەپە چىقارماي قويۇپ قويغاندىن كېيىن، جەم-جىتلا سەپەرگە ئاتلانغان.

سەھەر تۇرغان ئاما ئىشىكلىرىنى ئېچىپلا قىزىل ئارمىيە قايتۇرۇپ بەرگەن نەرسىلىرنى بايقاپ، ھەيرانلىق ئىچىدە كېلىشىۋالغاندەكلا كوچىغا چىقىپ، بەس - بەستە مۇنازىرە قىلىشقان.

جوۋ زولى ئىسىملىك بىر ئاما يې-رىلىپ كەتكەن بىر چۆچەكنى ئىككى قو-لىدا تۇتقىنىچە ئۇچرىغانلا كىشىگە: «بۇنداق ياخشى ئارمىيەنىڭ بارلىقىغا ھە-قىقەتەن ئىشەنگىم كەلمەيدۇ» دېگەن.

ئەسلىدە، ئىككى كۈن ئىلگىرى قىزىل ئارمىيە جوۋ زولىدىن بىر چۆچەك-نى ئارىيەت ئالغان. جوۋ زولى بۇ گۈن ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، چۆچەكنىڭ ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇلغانلىقىنى، ئى-چىدە بىر قەغەز باغاقچە قالدۇرۇلغانلىق-نى كۆرگەن ——

**يۇرتداش:**

بىز سىزنىڭ بىر چۆچىكىڭىزنى ئا-رىيەتكە ئالغانىدۇق، ئېھتىياتسىزلىقتىن چېقىپ قويدۇق. ھازىر سىزگە ئىككى كۈمۈش تەڭگە تۆلەپ بەردۇق، تاپشۇ-رۇۋالغايسىز ھەمدە كەچۈرگەيسىز!

ھۆرمەت بىلەن

**قىزىل ئارمىيە ئالاھىدە ۋەزىپە يېڭى**

**2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى**

قەغەز باغاقچىنى ئوقۇپ، جوۋ زولى قاتتىق ھاياجانلانغانىدى، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ يەنە بىر ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى: شۇ كۈنى، گو-منداڭنىڭ بىر نەچچە بۇزۇق ئەسكىرى خوجايىن ياڭ شىنشۇنىڭ ئاشخانىسىغا بۆسۈپ كىرىپ بولۇشىغا يەپ - ئىچكەن-دىن كېيىن بىرنەچچە مىس يارماقنى تاشلاپ قويۇپلا غادايغان پېتى كېتىپ قالغان. مىس يارماق ئەينى چاغدا پۇلغا يا-رىمايدىغان بولغاچقا، دۇكان ئىگىسى خۇ-چۈەنجى ئۇلارنى توسۇپ كۈمۈش تەڭ-گىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىل-غاندا، ئۇيلىمىغان يەردىن قاتتىق تاياق يېگەن.

ئىككى ئارمىيە ئارىسىدا شۇنچە چوڭ پەرق بار ئىكەن ئەمەسمۇ! جوۋ زولى ئۇچرىغانلا كىشىگە: «قىزىل ئارمى-يە ئوخشىمايدىكەن، ھەقىقەتەن پۇقرالار-نىڭ پەرزەنت قىسمى ئىكەن!» دېگەن.

### ■ «قىزىل ئارمىيە ئەسلىدە ئىنتىزامى مۇشۇنداق چىڭ ئارمىيە ئىكەن ئەمەسمۇ!»

**سۆيۈملۈك دېھقان قېرىنداش:**

بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خاڭگا-لىرىڭىزنى ئۈزۈپ يەپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردۇق، ئېتىزلىقىڭىزغا 23 يارماق قال-دۇرۇپ كەتتۇق، تاپشۇرۇۋالغايسىز.

**قىزىل ئارمىيە**

ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتكەندە، رۇي-جىننىڭ ۋۇياڭ كەنتىدىكى لى بوۋاي دائىم پۇقرىقى خەتلەر يېزىلغان سارغ-يىپ كەتكەن بىر قەغەز باغاقچىنى كىشى-لەرگە كۆرسەتكەن ھەم چوڭقۇر ھېسسى-يات بىلەن ئەينى يىلدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن ——

1929 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شياۋ كې قىسمىنى باشلاپ ۋۇياڭ كەنتىدىن ئۆتكەن. گەرچە ئەمدىلا ياز كىرگەن بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا بەك ئىسسىق ئىدى. بەك ئۇسساپ كەتكەن جەڭچىلەر ئەسلىدە يۇرتداشلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۇ ئە-چىشنى ئويلىغان، ئەمما پۈتۈن كەنتتىن بىرمۇ ئادەم تاپالمىغان. ئەڭ ئارقىدا كېتىۋاتقان 9 - چوڭ ئەترەتنىڭ بىرنەچ-چە جەڭچىسى ھەقىقەتەن بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، بىرنەچچە تال خاڭگانى ئۈزسەك بىرەرسى بايقاپ قالماس دېگەن تەلەي سىناش ئويى بىلەن ھەر-بىرى بىردىن خاڭگا ئۈزۈۋالغان.

يىغىلىدىغان جايغا كەلگەندە، بىرەي-لەن ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ ئوغرىلىقچە خاڭگا ئۈزۈش ئىشىنى ئاشكارىلاپ قويغان. شياۋ كې قاتتىق غەزەپلىنىپ، تا-پانچىسىنى چىقىرىپ 9 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپ، غەزەپ بىلەن ئۇنى ئېتىۋەتمەكچى بولغان. بەختكە يارىشا ياندا تۇرغان سەنمۇجاڭ چاققان كېلىپ ئۇنى ۋاقتىدا توسۇۋالغان ھەم قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ توختىتىپ قويغان.

ئاستا - ئاستا ئۆزىنى بېسىۋالغان شياۋ كې 9 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئەترەت باش-لىقىنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. قىسىم يىغىلىپ ئارام ئېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئۆزى بۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى بىلەن بىر-نەچچە جەڭچىنى باشلاپ ۋۇياڭ كەنتىگە كېلىپ، خاڭگانىڭ ئىگىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، زىياننى تۆلەپ بەرمەكچى بولغان.

خاڭگانىڭ ئىگىسىنى تاپالمىغاچقا، شياۋ كې ئامالسىز خاڭگانىڭ باھاسىنى 23 يارماققا سۇندۇرغان. ئۇ ئاۋۋال يې-نىدىكى ئالتە يارماقنىڭ ھەممىسىنى چە-قىرىپ، بىللە كەلگەن جەڭچىلەر بىلەن 23 يارماق غەملىگەن. شياۋ كې يارماق-لارنى قىزىل قەغەز بىلەن ئورىغان ھەم بىر پارچە باغاقچە يېزىپ خاڭگا ئېتىزلى-قىدا قالدۇرغان.

خاڭگانىڭ ئىگىسى لاۋلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە قالدۇ-رۇپ كەتكەن باغاقچە ۋە 23 يارماقنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قېلىپ: «قىزىل ئارمىيە ئەسلىدە ئىنتىزامى مۇشۇنداق چىڭ ئارمىيە ئىكەن ئەمەسمۇ!» دېگەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ، قىزىل ئارمىيە-نىڭ ئىنتىزامى پولاتتەك قاتتىق دېگەن تەرىپلەر ۋۇياڭدىكى ئاما ئارىسىدا تېز تارقالغان.

زىيارەتنى قوبۇل قىلغان يەرلىك پارتىيە تارىخى مۇتەخەسسىسلىرى مۇ-نۇلارنى بىلدۈردى: قىزىل ئارمىيە-نىڭ رۇيجىندىكى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش ھېكايىلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز. كىم خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بېشىدا كۆتۈرسە، خەلق شۇنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ! ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى قىزىل ئارمىيەنىڭ 10 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەردە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى بولغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يوقالغان كېچىك كېمىسى ئۆزگەرمىگەن كېچىك

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **گاۋ خاۋلياڭ، ۋۇ خۈييىڭ، ليۇ يۈجيا**

ئۇدا نەچچە كۈن يامغۇر يېغىپ، دولقۇنلار شىددەت بىلەن مەۋج ئۇردى.

كەنتنىڭ نامى يۈۋېڭبۇ بولۇپ، كەنت بېلىقچىلار توپلىشىپ ئولتۇراق-لاشقانلىقتىن داڭ چىقارغان. «ئۇزۇن سەپەردىكى بىرىنچى كېچىك» يۇدۇ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان لەنجياڭ دەرياسى كەنتنى كېسىپ ئۆتۈپ، كەنتنى جەنۇب، شىمال ئىك-كىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.

«كەنت بېشىدا بىر كېچىك بولۇپ، ئۇ مەركىزىي قىزىل ئارمىيە دەريادىن ئۆتكەن سەككىز چوڭ ئا-ساسلىق كېچىكنىڭ بىرى.» ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگۈچى گو چىڭفا 71 ياشتا بولۇپ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى گو جېڭتاڭ، 85 يىل ئىلگىرى يۈۋېڭبۇ كېچىكىدىكى كېمىچى ئىدى. 1934 - يىلى 10 - ئايدا، كېچىك بىلەن بوۋىسى-نىڭ كېچىك كېمىسى بىر توپ ئالاھىدە «مېھمان»لارنى كۈتۈۋالغان، مەركى-زىي قىزىل ئارمىيەنىڭ قىزىل 9 - جۈن-تۇەنى بۇ يەردە دەريادىن ئۆتۈپ ئۇزۇن سەپەرنى باشلىغان.

«دەريا يۈزىنىڭ كەڭلىكى 90 نەچچە مېتىر بولۇپ، بىر قېتىم بېرىپ - كېلىشكە يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ.» گو چىڭ-فامۇ كېچىكتە ئون نەچچە يىل كې-مىچى بولۇپ، بازارغا بارىدىغان يۇرتداشلار، مەكتەپكە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈ-زۈپ قويۇپتۇ. 2005 - يىلى، كې-چىكتە يۈۋېڭبۇ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، كېچىك كېمى-سى تەدرىجىي يوقىغان، لېكىن كې-چىكتىن سەپەرگە چىقىش ھېكايىلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقالغان.

ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقالغان بايانلار خۇددى بىر رەسىم قەلىمى-دەك، ئەينى يىللاردىكى دەريادىن ئۆتۈش كارتىنىسىنى ئورتاق سىزىپ چىقتى: ياردارلار كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتكەن، چوڭ قىسىم كې-چىكنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى 200 - 300 مېتىر كېلىدىغان جايدىن سۇ كېچىپ ئۆتكەن، دەريادىن ئۆتكەن-دىن كېيىن جەڭچىلەر لەمپە ئاستىدا دەم ئالغان، يۇرتداشلار قانچە تەكلىپ قىلسىمۇ ئۆيىگە كىرمىگەن.

«يارىسى ئېغىر بىر قىسىم جەڭ-چىلەرنى يۇرتداشلار ئېلىپ كېتىش-تى.» 81 ياشلىق خۇاڭ دارۇڭنىڭ بايان قىلغىنى مومىسى چېن جاۋدى-نىڭ ھېكايىسى ئىدى.

كېچىككە ئانچە يىراق بولمى-غان، 85 يىل ئىلگىرىكى تيەندۇڭ كەنتى خۇاڭۇ تەبىئىي كەنتىنىڭ ئىبا-دەتخانىسىدا، چېن جاۋدى يۇرتداش-لار بىلەن بىرلىكتە يارىلانغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ يارىسىغا دورا سۈرۈپ، ئۇلارغا تاماق ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇ-شىدىن خەۋەر ئالغان. 1935 - يىلى-نىڭ بېشىدا، دۈشمەن قوشۇنلىرى كەنتكە يېتىپ كېلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى، يەنە جەڭچىلەرنى يېقىن جايدىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنچە يۆتكىگەن، ئۆل-تۈرۈلۈش خەۋپىگە قارىماي ئىككى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تاغقا كىرىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان.

كېچىكتىن سەپەرگە چىقىش ھې-كايىلىرنى يەنە پارتىيە تارىخى تەتقى-قاتچى خادىملىرى ئەۋلادتىن - ئەۋ-لادقا يەتكۈزدى.

«... لەيلىمە كۆۋرۈك سالدۇق، بۇ خىزمەتكە مەن مەسئۇل بولغانى-دىم، مېنىڭ بىر چوڭ ئوغلۇم قىزىل 3 - جۈنتۇەندە ئىدى، ئۇ 1934 - يىلى چۇڭياڭ بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يۇدۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن...» مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سە-پەرگە ئاتلىنىش خاتىرە سارىيىنىڭ مۇئا-ۋىن سارايى باشلىقى جاڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمەت ئۇستىلى ئۇزۇن سەپەرگە مۇنا-سىۋەتلىك تۈرلۈك كىتابلارغا تولغان بولۇپ، دادىسى جاڭ دېمېي يازغان 30 نەچچە خاتىرە دەپتەر رەتلىك دەستىلەن-گەنىدى، ئارىسىدا قىزىل قاتتىق تاشلىق، كۆك يۇمشاق تاشلىق خاتىرە دەپتەرلەر بار بولۇپ، بەزىلىرى بىۋاستە ماقالە قەغىزى ئىدى.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

# پەقەت خەۋىرى بولمىسىمۇ، چوڭقۇر سېغىنىش ئۈزۈلۈپ قالمىدى

## —— جياڭشى رۇيجىندىكى قىزىل ئارمىيە ئەۋلادلىرىنى زىيارەت

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى**

«سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىن قايسى تۇغقىنىڭىز قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان؟»

«دادام، لياڭ زەيىيىڭ.»

«ئۇ قايسى يىلى قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان؟»

«1934 - يىلى، كەنت ئېغىزىدا تەشۋىقات ئەتىرىتى كۆپچىلىكنى قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغاندا، ئۇ كەتكەنىدى.»

«كېيىنچۇ؟»

«قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا، دادام ئەگىشىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلمىدى...»

ئارقىدىنلا ئارىنى جىمجىتلىق باستى —— بۇ يىل 92 ياشقا كىرگەن لياڭ جىڭچۈننىڭ گەپ قىلىدىغان ئاۋازى جاراڭلىق، پىكىر يولى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا بۇ ئۇنىڭ تەمىنلەپ بېرەلەيدىغان بارلىق ئۇچۇرى ئىدى. لياڭ زەيىيىڭنىڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، قايسى جەڭلەرگە قاتناشقانلىقى، يارىلانغان - يارىدار-لانمىغانلىقى، قاچان، قەيەردە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

ھېچنېمىنى بىلمەسلىك نەدىن ئۇقۇشنى بىلمە-گەنلىكتىن ئىدى. لياڭ جىڭچۈن مۇنداق دېدى: دادام ئۆيدىن ئايرىلغاندا، مەن يەتتە ياشتا بولۇپ، ئىشلارنى ئېسىمدە تۇتالىغۇدەك بولۇپ قالغانىدىم، ئۇ چاغدا ئائىلىمىزدىكىلەر ھەر كۈنى دادامنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتۇق، ئەمما باشتىن - ئاخىر خەۋەر بولمىدى. ئەمەلىيەت-تە، مۇخبىر جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ رۇيجىن شەھىرى يۈنشىشەن يېزىسى فېڭلۇڭ كەنتىدە قىزىل ئارمىيە-نىڭ ئەۋلادلىرىنى زىيارەت قىلغاندا، بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ پەقەت مۇشۇلا ئەمەسلىكى-نى بايقىدى ——

لياڭ زەيىۋ لياڭ زىخۇڭنىڭ بوۋىسى، قىزىل 3 - جۈنتۇەننىڭ جەڭچىسى، 1932 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1934 - يىلى ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، شۇنىڭدىن كېيىن خەۋىرى بولمىغان.

لياڭ چۇڭۋەن لياڭ ۋىنخېنىڭ دادىسى، ئۆيدە باللارنىڭ ئۈچىنچىسى، 4 - ئىنىسى لياڭ چۇڭچىن، 5 - ئىنىسى لياڭ چۇڭفېن بىلەن بىللە ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، قۇربان بولۇش جەريانى ئېنىق ئەمەس.

لياڭ سۇگېۋ بىلەن لياڭ زىگۇاڭ لياڭ شياۋ-جۈننىڭ چوڭ بوۋىسى ۋە كىچىك بوۋىسى، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا، ئۇلارنىڭ بىرى 20 نەچچە ياشتا، بىرى 18 ياشقىمۇ كىرمىگەن، شۇنىڭدىن كېيىن پەقەتلا خەۋىرى بولمىغان...

كۈنلەپ، يىللاپ كۈتۈش خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە لياڭ جىڭچۈننى ئۆز ئىچىگە ئالغان فېڭلۇڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى، ھەمدە تېخىمۇ كۆپ رۇيجىن ئاممىسىنىڭ ئورتاق تۇرمۇش ئاسا-سى رىتىمىغا ئايلانغانىدى. ئۇلار ئەينى چاغدا ئۆزلىرى كېچە - كۈندۈز ئەنسىرىگەن تۇغقانلىرى-نىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن سىناقلارغا بەرداشلىق بې-رىۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۆجىزىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى: ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا، قىزىل ئارمىيەنىڭ 600 قېتىمغا يېقىن مۇھىم جەڭ، ئۇرۇش قىلغانلىقىنى، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم قوغلاش-لاشما جەڭ قىلغانلىقىنى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 365 چاقىرىم مېڭىپ ئاندىن بىر قېتىم ئارام ئالالايدى-غانلىقىنى بىلمەيتتى، خالاس.

«پەرزەنتلەر دادىسىنى كۈتەتتى، خوتۇنلار ئەرلىرىنى كۈتەتتى، ئاتا - ئانىلار ئوغۇللىرىنى كۈ-تەتتى، قىزىل ئارمىيە كەتكەن ئاشۇ كۈنى، ئەمەل-يەتتە كۆپچىلىكنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ قالغانىدى.» 15 يىل چۈشەندۈرگۈچى بولغان جۇڭ جىلىڭمۇ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ 3 - بوۋىسى ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا قۇربان بولغان. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەر قېتىم چېن فاگۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىگەندە، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك بولىمەن.

ئەينى يىللارنىڭ بىر كۈنى، سوۋېت رايونى-نىڭ كادىرى چېن فاگۇ تۇرۇشلۇق شياڭ شەنباغا كېلىپ يىغىن ئېچىپ، كۆپچىلىكنى قىزىل ئارمىيە-گە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان. بۇ چېن فاگۇ-نىڭ ئېرى جۇ جىشۈنگە تەسىر قىلغان، ئۇنىڭ ئانىسى، چوڭ دادىسى قەتئىي قارشى تۇرغان. تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق، چېن فاگۇ ئا-ئىلىسىدىكىلەرنى قايىل قىلغان، ئۇ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جۇ جىشۈننىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بىر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، قىزىل ئارمىيە يۆتكىلىشكە باشلىغان. سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، جۇ جىشۈن چېن فاگۇ بىلەن غەلىبە كۈنى قايتا جەم بو-لۇشقا كېلىشكەن، لېكىن ئىككىيلەننىڭ بۇ خوشلىشى-شىنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

«چېن فاگۇ كۈتتى، ساقلىدى، لېكىن جۇ جى-شۈندىن ئازراقمۇ خەۋەر بولمىدى.» جۇڭ جىلىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-رۇلغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بېرىپ، جۇ جىشۈننى ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا يوقاپ كەتكەن ياكى قۇربان بولغان دەپ بېكىتتى، لېكىن چېن فاگۇ ئىشەنمەي، يەنىلا ئېرىنى ساقلاشتا چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ ئۆزى بىلەن جەم بولۇشىنى كۈتتى.

2008 - يىلى، 115 ياشلىق چېن فاگۇ ۋاپات بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى رەتلىگەندە، ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا، جۈپ - جۈپ كونا - يېڭى چىغ چورۇقلارنىڭ تىزىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ساناپ بېقىپ جەمئىي 75 جۈپ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەسلىدە، جۇ جىشۈن بىلەن ئايرىلغان كۈنلەردە، چېن فاگۇ ئۇن-تىنسىز ھەر يىلى ئېرىگە بىر جۈپ چىغ چورۇق توقۇغان بولۇپ، 75 يىلدىن بېرى ئەزەلدىن ئۈزۈپ قويمىغانىدى.

كېيىن، چېن فاگۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كە-شىلەر ئۇنىڭ مىس ھەيكىلىنى تىكلىدى. بۇ مۇھەب-بەتكە بولغان ھۆرمەت، شۇنداقلا سېغىنىشقا بولغان ھۆرمەت ئىدى —— قىزىل ئارمىيە كەتكەن شۇ كۈندىن باشلاپ، پەقەتلا خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، سوۋېت را-يونىدىكى نۇرغۇن خەلق چېن فاگۇغا ئوخشاش، ھەر دائىم تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ، قىزىل ئارمىيەنى ياد ئېتىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەن.

يېپىڭدا، قىزىل ئارمىيە يۆتكەلگەندىن كېيىن، دۈشمەن قىزىل ئارمىيە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتى-رە مۇنارىنى بۇزۇۋەتكەن، پەقەت «قۇربان» دېگەن خەت ئويۇلغان تاشلا بەختكە يارىشا مۇ-كەممەل ساقلىنىپ قالغان، شې فامىلىلىك بىر موماي ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئۇنى ئۆيىدە تاكى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغىچە يوشۇرۇپ ساقلىغان.

خۇاۋۇدا، 17 يىگىت قىزىل ئارمىيەگە قاتنى-شىشتىن بۇرۇن، خوشلىشىشقا بېرىپ ھەربىرى بىر تۈپتىن قارىغاي كۆچىتى تىكىشكە ۋەدىلەشكەن. ئۇلار قايتا قايتىپ كېلەلمىگەن، لېكىن يۇرتداشلار قىزىل سىر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تاش ئابىدىگە ئويۇپ، كېيىنكىلەرگە ئۇلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياد ئەتكۈزگەن.

ماداۋكوۋدا، جىمجىت تۈن نىسپىدە، 88 ياشلىق لياڭ خەيرۇ دائىم دادىسىنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقاندا قانداق ئىشلار-نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئويلايدۇ، ئويلىغانسېرى، ياشلىرى توختىماي تۆكۈلىدۇ، «دادامنىڭ سىيماسىنى ئېسىمگە ئالالمىساممۇ، لېكىن مەن يەنىلا دادامنى سېغىنىمەن».

ۋاقىت ئۆتسىمۇ، چوڭقۇر مۇھەببەت ئۆزگەر-مىدى. مەيلى قانچىلىك ۋاقىت ئايرىلسۇن، قانچى-لىك يىراققا كەتسۇن، قىزىل ئارمىيە ئەزەلدىن رۇيجىن خەلقىنىڭ سېغىنىشىدىن ئايرىلىپ باقمىدى، ئىلگىرى شۇنداق ئىدى، ھازىر شۇنداق، كەلگۈ-سىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**(مۇخبىرلار مېي چاڭۋېي، لى سۈك، ليۇ فېي، ۋۇ خۈييىڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى)**